# كىرىش سۆز

**قەدىرلىك ئىشلەتكۈچى، ياخشىمۇسىز !**

«مۇئەللىم» ئوقۇغۇچىلار كومپيۇتېرىنى ياقتۇرۇپ سېتىۋالغانلىقىڭىزغا رەھمەت. مەھسۇلات ئىقتىدارىنى تولۇق چۈشىنىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن، مەزكۇر ئىشلىتىش قوللانمىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىڭ. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇشبۇ قوللانمىنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن قۇلايلىق ئورۇنغا قويۇپ ساقلاڭ.

مەھسۇلات ئىچىدە ساقلانغان ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ۋاقتىدا باشقا ئورۇندا زاپاس ساقلىۋېلىڭ، مەشغۇلات مۇۋاپىق بولماسلىق، كۈچلۈك ماگنىت مەيداندا ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، سىستېما ھۆججەتلىرىنى قايتا قاچىلاش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىچكى ماتېرىياللار يوقاپ كەتسە ياكى ئۆچنچى بىر تەرەپكە ئاشكارىلىنىپ زىيان كېلىپ چىقسا شىركىتىمىز مەسئۇل بولمايدۇ.

شىركىتىمىز مەھسۇلات ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يۇمشاق دېتال نەشرىنى يېڭىلاشقا تېرىشىدۇ. ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن مەھسۇلاتنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى، ئۆلچىمى ۋە لايىھىلىنىشىدە ئوخشىماسلىقلار كۆرۈلسە، زاۋۇتتىن چىققاندىكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىڭ. ئىشلىتىش داۋامىدىكى چۈشۈپ قالغان، خاتا يېزىلىپ قالغان ئىقتىدار ياكى مەزمۇنلار بولسا، ياكى كېيىن قوشۇلۇپ، ئىشلىتىش قوللانمىسىنى يېڭىلاپ بېرەلمىسەك ياكى ئالدىن خەۋەر قىلالمىساق ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ھەمدە تورنىتىپ پايدىلىنىشىڭىزنى سورايمىز. شۇنداقلا شىركىتىمىزنىڭ مۇلازىمەت تور بېكىتىدىن ئىشلىتىش قوللانمىسىنىڭ ئەڭ يېڭى نۇسخىسىنى شۇنداقلا بەزى قوشۇمچە ئىقتىدار چۈشەندۈرۈشلىرىنى كۆرۈپ پايدىلىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا مەھسۇلاتىمىزدىن ئۈنۈملۈك ۋە رازىمەنلىك بىلەن پايدىلىنىشىڭىزنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىت قىلىمىز.

# مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز ........................................ i**
**مۇندەرىجە ........................................ iii**
**ئىشلىتىشتىن بۇرۇن دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ........................................ 1**
**1. باب ئاساسىي مەشغۇلات ........................................ 6**
1-1 ئاساسىي تىزىملىك (باش مۇندەرىجە) ........................................ 6
2-1 ياردەم سىستېمىسى ........................................ 6
3-1 مائۇسنى ئىشلىتىش ........................................ 6
4-1 USB لىنك ئۇلاش ئىقتىدارى ........................................ 6
5-1 توك مەنبەسى توغرىسىدا ........................................ 7
6-1 سىغىم كارتىسىنى ئىشلىتىش ........................................ 8
7-1 RESET ئىقتىدارىنى ئىشلىتىش ........................................ 8
8-1 كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ........................................ 8
**2. باب دەرسلىك ئوقۇتقۇ (چەكمە ئاۋازلىق ئوقۇتۇش) ........................................ 10**
1-2 دەرسلىك ئوقۇتۇش ........................................ 10
**3. باب ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ........................................ 12**
1-3 ئۇنىۋېرسال ئىزدەش ........................................ 12
2-3 ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ........................................ 12
3-3 كارتونلۇق ئۆگىنىش ........................................ 13
4-3 داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانىسى ........................................ 13
5-3 تەقلىدىي ئىمتىھان ........................................ 13
6-3 دىئالوگ ........................................ 14
**4. باب ئىككىنچى دەرسخانا ........................................ 15**
1-4 ئىنگلىز تىلى باغچىسى ........................................ 15
2-4 ئەدەبىيات باغچىسى ........................................ 16
3-4 ماتېماتىكا باغچىسى ........................................ 18
4-4 فىزىكا باغچىسى ........................................ 19
5-4 خىمىيە باغچىسى ........................................ 19
6-4 بىئولوگىيە باغچىسى ........................................ 20
7-4 جۇغراپىيە باغچىسى ........................................ 20
8-4 سىياسەت باغچىسى ........................................ 20
9-4 تارىخ باغچىسى ........................................ 21
0-4 ساز-شاھمات، خەتتاتلىق-رەسساملىق ........................................ 21
A-4 كومپيۇتېر دەرسخانىسى ........................................ 21
B-4 ھېكايە باغچىسى ........................................ 22
C-4 كىتاب خەزىنىسى ........................................ 22
D-4 زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ........................................ 22

E-4 سۆز تۇتاشتۇرۇش......................................................22
F-4 خەنزۇچە قامۇس......................................................22
G-4 ئۇيغۇرچە قامۇس......................................................23
**5. باب لۇغەتلەر خەزىنىسى......................................................24**
1-5 جۈملە تەرجىمان......................................................24
2-5 ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى......................................................24
3-5 فورمۇلا لۇغىتى......................................................25
4-5 خىمىيىۋى ئېلېمېنتلار......................................................25
5-5 رەسىملىك قامۇس......................................................25
6-5 خام سۆز ئامبىرى......................................................26
7-5 ئۆز سۆزلۈك......................................................26
**6. باب ئويۇن دۇنياسى......................................................27**
1-6 شادلىق كىنوخانىسى......................................................27
2-6 ناخشا-مۇزىكا قويغۇچ......................................................27
3-6 كارتون سەيناسى......................................................28
4-6 سېھىرلىك ئۇنئالغۇ......................................................28
5-6 ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىسى......................................................29
6-6 رەسىم ئالبومى......................................................29
7-6 كىچىك رەسسام......................................................29
8-6 ئەقىل-پاراسەت ئويۇنى......................................................30
9-6 چاتما كارتونلار......................................................30
**7. باب شەخسلەر ياردەمچىسى......................................................31**
1-7 خاتىرە دەپتەر......................................................31
2-7 دەرس سېتكىسى......................................................31
3-7 كالېندار......................................................31
4-7 قوڭغۇراق......................................................31
5-7 ھېسابلىغۇچ......................................................32
6-7 ئايرىۋاشلىغۇچ......................................................32
7-7 كۆچمە دىسكا ئۇلاش ( U دىسكا ئۇلاش)......................................................32
8-7 دىسكا باشقۇرۇش......................................................32
9-7 ئاتىلار بوشلۇقى......................................................33
0-7 مائارىپ قوللانمىسى......................................................33
A-7 سىستېما بەلگىلەش......................................................33
**قوشۇمچە 1: مەھسۇلات ئۆلچىمى ۋە سەپلىمە تىزىملىكى......................................................35**

# ئىشلىتىشتىن بۇرۇن دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

## بىخەتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇشى

■ مەزكۇر مەھسۇلات يۇقىرى نازۇكلۇقتىكى زاپچاسلاردىن ياسالغان بولۇپ، ئۆز ئالدىڭىزغا مەھسۇلاتنى چۇۋۇماڭ. مەھسۇلاتتىن كاشىلا كۆرۈلسە شىركىتىمىزنىڭ ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى مۇلازىمەت مەركىزىگە ئاپىرىپ رېمونت قىلدۇرۇڭ.

■ مەھسۇلاتنى بۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاتتىق زەربىگە ياكى سىلكىنىشكە ئۇچراشتىن ساقلىنىڭ.

■ مەھسۇلات ئېكرانىنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەھسۇلاتنى چۆرۈمەڭ، ئۇرماڭ، سىلكىمەڭ ھەمدە باسماڭ.

■ كىسلاتا-ئىشقارلىق ۋە باشقا خىمىيەلىك سۇيۇقلۇقلار بىلەن مەھسۇلاتنى سۈرتمەڭ.

■ ئېكراننى بۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈچلۇق نەرسىلەر بىلەن ئېكراننى باسماڭ.

■ مەھسۇلاتقا نەملىكتىن ساقلىنىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلمىغان، ئەگەردە يامغۇر ياكى سۇ ئۆتۈپ كەتسە، مەھسۇلاتنى قوزغاتماستىن، قۇرۇق، سالقىن جايدا قۇرۇتۇڭ، ئاندىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئىزاھلاپ، شىركىتىمىزنىڭ رېمونت قىلىش ئورنىغا ئەۋەتىپ بېرىڭ.

■ يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى بېسىم، يۇقىرى نەملىك، چاڭ-توزانلىق، يۇقىرى ستاتىك ئېلېكتر ۋە يۇقىرى ماگنىت مەيدانىدا مەھسۇلاتنى ئىشلەتمەڭ ياكى قويۇپ قويماڭ.

■ باتارېيە قۇۋۋىتى يېتىشمىگەندە، ۋاقتىدا توك تولۇقلاڭ. توك قۇۋۋىتى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا ئۈسكۈنىنىڭ بارلىق ئىقتىدارلىرىنى نورمال ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

■ نائۇشنىك ئاۋازىنى زىيادە يۇقىرى قىلىۋەتمەڭ، مۇتەخەسسىسلەر ئۇزۇن مۇددەت يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاش گاس بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ ئەسكەرتكەن، شۇڭلاشقا ئىمكانقەدەر ئاۋازنى تۆۋەنلىتىڭ.

■ مەھسۇلات ساقلىغۇچى ئارقىلىق ماتېرىياللارنى ساقلاپ قويغىلى بولىدۇ. بىراق كۈچلۈك ئوتتا قىزدۇرۇلسا، سىرتقى زەربىگە ئۇچرىسا ياكى ئېلېكتر بېسىمىنىڭ تەسىرىدە ماتېرىياللار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مۇھىم ماتېرىياللىرىڭىزنى ئايرىم زاپاسلىۋېلىڭ، مەشغۇلات مۇۋاپىق بولماسلىق، رېمونت قىلىش ياكى باشقا ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن ماتېرىياللار يوقاپ كەتسە، ئۆچۈرۈلۈپ كەتسە، شىركىتىمىز مەسئۇل بولمايدۇ.

# مەھسۇلاتنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى




# ئۇڭ تەرەپ، ئارقا تەرەپ، سول تەرەپ كۆرۈنۈشى



# كۇنۇپكا تاختىسى رەسىمى




# كۇنۇپكا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

| كۇنۇپكا نامى | چۈشەندۈرۈلۈشى |
|---|---|
|  | توك مەنبەسى ئېچىش-ئېتىش كۇنۇپكىسى |
| MIC | ئاۋاز ئېلىش تۆشۈكى |
| توك مەنبە چىرىقى | توك مەنبەسى ئېچىلغاندا يېقىلىدۇ |
| زەرەتلەش چىرىقى | زەرەتلەنگەندە چىراق يېقىلىدۇ، زەرەتلىنىپ بولغان ئۆچىدۇ. |
| Caps Lock | چوڭ-كىچىك يېزىلىش ئالماشتۇرۇش چىرىقى، چوڭ يېزىلىشقا ئالماشقاندا يانىدۇ. |
| [ESC] | چېكىنىش كۇنۇپكىسى، ئالدىنقى مۇندەرىجىگە چېكىنىدۇ. |
| [F1] ~[ F6] | F1 _ F6 ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرى |
| [U 盘] | U دىسكا ئۇلاش تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |
| [字体] | خەت نومۇرىنى ئالماشتۇرۇش كۇنۇپكىسى |
| [音量–] /[音量+] | ئاۋازنى يۇقىرى-تۆۋەن تەڭشەش كۇنۇپكىسى |
| [跟读] | ئەگىشىپ ئوقۇش كۇنۇپكىسى، تەلەپپۇزلۇق باش سۆزلەمنى ئەگىشىپ ئوقۇغىلى بولىدۇ. |
| [发音] | تەلەپپۇزلۇق سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىنى ئوقۇتۇش كۇنۇپكىسى |
| [删除] | ئۆچۈرۈش كۇنۇپكىسى |
| [、] | “ ` ” بەلگىسى كىرگۈزۈش كۇنۇپكىسى |
| [1] ~[0] كۇنۇپكىسى | “1” ~ “0” رەقەم كۇنۇپكىسى |
| [– ] | “–” بەلگىسى كىرگۈزۈش كۇنۇپكىسى |
| [=] | “=” بەلگىسى كىرگۈزۈش كۇنۇپكىسى |
| [退格] | ھەرپ بەلگە ياكى خاتىرىنى ئۆچۈرۈش |

| | |
|---|---|
| | كۇنۇپكىسى |
| [Tab] | Tab ئىقتىدار كۇنۇپكىسى |
| [Page Up]/[Page Down] | ئالدىنقى بەت، كېيىنكى بەت كۇنۇپكىسى |
| [Caps Lock] | چوڭ-كىچىك يېزىلىشقا ئالمىشىش كۇنۇپكىسى |
| [Enter] | مۇقىملاش كۇنۇپكىسى |
| [Shift] | يۇقىرى خوت ھەرپ ئىقتىدار كۇنۇپكىسى ياكى ئالاھىدە ئىقتىدار كۇنۇپكىسى |
| [A ]–[Z] | “A” ~ “Z” ھەرپ كۇنۇپكىلىرى |
| [目录] | باش مۇندەرىجىگە قايتىش كۇنۇپكىسى |
| [点读] | دەرسلىك ئوقۇتۇش (چەكمە ئوقۇتۇش) بۆلىكىگە كىرىش تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |
| [名师] | داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار سىن دەرسخانىسى بۆلىكىگە كىرىش تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |
| [汉维] | خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەتكە كىرىش تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |
| [MP4] | شادلىق كىنوخانىسىغا كىرىش تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |
| [空格] | بوشلۇق كۇنۇپكىسى |
| [帮助] | ياردەم ھۆججىتىنى ئېچىش كۇنۇپكىسى |
| [输入法] | كىرگۈزۈش ھالىتىدە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى تاللاش كۇنۇپكىسى |
| [上]/[下]/[左]/[右] | ئوڭ، سول، ئاست، ئۈست يۆنىلىش كۇنۇپكىلىرى |

**Shift ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرى**

| | |
|---|---|
| [Shift] +[音量–] / [Shift]+[音量+] | تەلەپپۇز سۈرئىتىنى تېزلىتىش-ئاستىلىتىش كۇنۇپكىسى |
| [Shift] + [跟读] | تەكرار ئوقۇتۇش كۇنۇپكىسى |
| [Shift] +[`] ~ [=] | تىنىش بەلگىسى كىرگۈزۈش كۇنۇپكىسى |
| [Shift] + [A] ~ [Z] | A~Z چوڭ يېزىلىشنى كىرگۈزۈش كۇنۇپكىسى |
| [Shift] + [右] | ئۇلاپ تاللاش |
| [Shift] + [点读] | كارتونلۇق ئۆگىنىشكە كىرىش تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |
| [Shift] + [名师] | ئۇنىۋېرسال ئىزدەشكە كىرىش تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |
| [Shift] + [维汉] | ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەتكە كىرىش تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |

| | |
|---|---|
| [Shift] + [MP4] | ناخشا-مۇزىكا قويغۇچقا كىرىش تېز ئىجرا كۇنۇپكىسى |
| [Shift] + [下] | يېڭىدىن قۇرۇلغان ماتېرىيالنى ساقلاش كۇنۇپكىسى |
| [Shift] + [F5] | ئارقا سۇپىدا قويۇلۇۋاتقان مۇزىكىنى توختىتىش كۇنۇپكىسى |
| [Shift] + [字体] | TV_Out تېلېۋىزور ئېكرانىغا چىقىرىش ئىقتىدارى |

## ئاددىي كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلىش

| كاشىلىلار | كاشىلا سەۋەبى | تۈگىتىش ئۇسۇلى |
|---|---|---|
| ماشىنا قوزغالماسلىق | باتارېيە خاتا سېلىنغان | باتارېيەنى قايتا سېلىش |
| | باتارېيە قۇۋۋىتى تۆۋەن | باتارېيەنى زەرەتلەش |
| ماتېرىيال كۆچۈرگىلى بولماسلىق | USB سىمى ياخشى ئۇلانمىغان | USB سىمىنى ياخشى ئۇلاش |
| | USB سىمى بۇزۇلغان | USB سىمىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇش |
| | كۆچمە دىسكا بوشلۇقى توشۇپ كەتكەن | ئارتۇق ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرۈپ بوشلۇقنى بىكارلاش |
| ھۆججەتنى ئاچقىلى بولماسلىق | ھۆججەت شەكلىنى قوللىمىغان | چۈشۈرۈلگەن ھۆججەتنىڭ ماشىنىغا ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش |
| ئۈن-سىن ھۆججىتىنى قويغىلى بولماسلىق | باتارېيە قۇۋۋىتى تۆۋەن | باتارېيەنى زەرەتلەش |
| | ئۈن-سىن ھۆججەت فورماتىنى قوللىمىغان | بۇ فورماتتىكى ھۆججەتنى قوللامدۇ - قوللىمامدۇ جەزىملەشتۈرۈش |
| ۋاقىت خاتا | ۋاقىت توغرىلانمىغان | سىستېما ۋاقتىنى توغرىلاش |
| مائۇس نورمال ئىشلىمەسلىك | مائۇس توغرا چېتىلمىغان | مائۇسنى چىقىرىپ ماشىنىغا قايتا چېتىش |
| | مائۇسنى نورمال تونۇمىغان | ماشىنىنى قايتىدىن قوزغىتىش |
| ئېكراننى توغرا چەككىلى بولماسلىق | قەلەم ئورنى توغرا بەلگىلەنمىگەن | سىستېما بەلگىلەشكە كىرىپ قەلەم ئورنىنى قايتىدىن توغرىلاش |
| مەشغۇلات نورمالسىز ياكى قېتىۋېلىش | مەشغۇلات خاتا بولۇش سەۋەبى سىستېمىدا خاتالىق كۆرۈلگەن | Reset كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش |
| | سىستېما بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان | ئەڭ يېڭى پروگراممىنى ئەلالاشتۇرۇش |

# 1. باب ئاساسي مەشغۇلات

## 1-1 ئاساسي تىزىملىك (باش مۇندەرىجە)

ماشىنا قوزغالغاندىن كېيىن [دەرسلىك ئوقۇتقۇ] مۇندەرىجىسىگە كىرىدۇ، [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىسىنى چېكىش ياكى بېسىش ياكى مائۇس بىلەن چېكىش ئارقىلىق ئاساسىي تىزىملىككە كىرىپ، ئارقىدىن [مۇقىملاش] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى مائۇس بىلەن چېكىپ تارماق تىزىملىك (مۇندەرىجىگە) كىرگىلى بولىدۇ.

## 2-1 ياردەم سىستېمىسى

ئىشلەتكۈچىلەر مەزكۇر مەھسۇلاتنى ئىشلىتىش داۋامىدا، ناۋادا ئىشلىتىشنى بىلەلمىگەن جايلىرى بولسا، [?] بەلگىسى ئايكونىنى چېكىپ ياكى كۇنۇپكا تاختىسىدىكى [ياردەم] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ مۇناسىۋەتلىك ئىقتىدارلارنىڭ ياردەم ھۆججىتىنى كۆرەلەيدۇ، ياردەم كۆزنىكىدە [تەلەپپۇز] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [تەلەپپۇز] ئايكونىنى چېكىپ مەزمۇنىنى ئوقۇتقىلى بولىدۇ.

## 3-1 مائۇسنى ئىشلىتىش

مائۇسنى چېتىپ، ماشىنىنى قوزغاتقاندىن كېيىن مائۇستىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

## 4-1 USB لىك ئۇلاش ئىقتىدارى

USB سىمى ئارقىلىق USB ئېغىزى بىلەن PC كومپيۇتېرنى ئۆز-ئارا ئۇلىغاندىن كېيىن، كۇنۇپكا تاختىسىدىن [U دىسكا] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئۇلاشقا بولىدۇ.

**■ پروگراما ئەلالاشتۇرۇش**

مەھسۇلاتنىڭ پروگراما سىستېمىسىنى ئەلالاشتۇرۇشقا بولىدىغان بولۇپ، ئەلالاشتۇرۇش ھۆججىتىنى U دىسكا غول مۇندەرىجىسىگە كۆچۈرۈپ، ماشىنىنى ئۆچۈرۈپ ئارقىدىن قايتا قوزغاتسىڭىز ئاپتوماتىك ئەلالاشتۇرۇلىدۇ.

**[سەمىمي ئەسكەرتىش]**

ئەلالاشتۇرۇش ھۆججىتىنى شىركىتىمىزنىڭ تور بېكىتى http://www.muallim.cn دىن چۈشۈرۈشكە بولىدۇ، ئەلالاشتۇرۇش داۋامىدا ئۇسكۇنىنى توكتىن ئۈزۈۋەتمەڭ، بولمىسا سانلىق مەلۇماتلار يوقاپ كېتىشى ياكى ماشىنا قوزغىلالماسلىقى مۇمكىن.

**■ ئۇلاشتىن ئۈزۈش**

ئالدى بىلەن كومپيۇتېردىن كۆچمە ساقلىغۇچنى ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، USB سىمنى تارتىۋېتىشكە بولىدۇ.

**[سەمىمي ئەسكەرتىش]**

WINXP ،WIN2000 ۋە بۇنىڭــــدىن يـــۇقىرى نەشـــىردىكى مەشـــغۇلات سىستېمىسىدا U دىسكىنىڭ قوزغاتقۇچ پروگراممىسىنى قاچىلاش ھاجەتسىز، ئەگەردە WIN98 مەشغۇلات سىستېمىسى بولسا قوزغىتىش پروگراممىسىنى قاچىلاش كېرەك.

■ **دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

U دىسكىغا سانلىق مەلۇمات كۆچۈرۈۋاتقاندا، ماتېرىياللارنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەھسۇلاتنى كومپيۇتېردىن ئۈزۈۋەتمەڭ.

ئۇلىنىشــنى ئۈزگەنــدە چوقــۇم ئۇســكۇنىنى بىــخەتەر ھــالەتتە كومپيــۇتېردىن ئاجرىتىڭ، بولمىسا مەھسۇلات سىستېمىسى ياكى سانلىق مەلۇماتلار بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن.

ئۇلىنىشنى ئۈزگەندە بەلكىم ئۈزگىلى بولمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بۇ خىل ئەھۋالدا ئوچۇق (ئىجرا) ھالەتتىكى ھۆججەت ۋە مۇندەرىجىنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن قايتا ئۈزۈۋېتىشنى سىناڭ.

بەزىــدە كومپيــۇتېردا بىــخەتەر ھــالەتتە قــاتتىق دىتــالنى ئــاجراتقىلى بولماسلىقى مۇمكىن، بۇ سىستېمىنىڭ ئىچكى ئالاقىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا سەل ساقلاپ ئاندىن قاتتىق دىتالنى ئۈچۈرۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىڭ.

## 5-1 توك مەنبەسى توغرىسىدا

■ باتارېيىنى زەرەتلەش:

چوقــۇم ئەســلى زاۋۇت ســەپلەپ بەرگەن زەرەتلىگــۈچنى ئىشــلىتىپ زەرەتــلەڭ، بولمىسا ماشىنا بۇزۇلۇپ كېتىشى ياكى نورمال زەرەتلەنمەسلىكى مۇمكىن.

بــۇ مەھســۇلاتقا چــۈۋۈغىلى بولــىدىغان زەرەتلىنىــدىغان ئىشــقارلىق بىــرىكمە باتارېيىسى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ماشىنىنى سېتىۋالغاندا ئالدى بىلەن ئەسلىدە بار توكنى تولۇپ ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئانــدىن زەرەتــلەڭ، تــۇنجى قېتىم 8 سائەت زەرەتلەڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى زەرەتلەش ۋاقتىنى ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىڭ.

تــوك بېســىمى يېتىشــمىگەندە ۋاقتىــدا زەرەتــلەڭ، تــوك مىقــدارى يېتىشــمىگەندە ئۈسكۈنىنىڭ بارلىق ئىقتىدارلىرىنىڭ نورمال ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

■ **باتارىيە ئۆلچىمى:**

نورمىلىق سىغىمى: 1600mAh

ئۆلچەملىك توك بېسىمى: 3.7V

زەرەتلەش يۇقىرى توك بېسىمى: 4.2V

■ **دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:**

تىپى ماس كەلمىگەن باتارېيىنى ئالماشتۇرغاندا پارتلاپ كېتىش خەۋپى بار؛

كېرەكسىز، كونا باتارېيىنى چوقۇم يىغىۋېلىنىــدىغان كېرەكسىز بويــۇملار قاتارىــدا بىر تەرەپ قىلىڭ؛

## 6-1 سىغىم كارتىسىنى ئىشلىتىش

سىغىم كارتىسىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن سىغىم كارتىسىنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى كۆرۈپ چىقىڭ. (بازاردا سېتىلىۋاتقان سىغىم كارتىسىنىڭ سۈپىتى بىردەك بولمىغانلىقتىن، مەھسۇلاتىمىز بارلىق كارتىلارنى قوللايدۇ دەپ كاپالەت بېرەلمەيمىز، ھەقىقي نەشرلىك، ماركىلىق سىغىم كارتىسىنى ئىشلىتىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز )

سىغىم كارتا ئۈستىدىكى ئىستىرېلكا يۆنىلىشى بويىچە سىغىم كارتىسى ئوقۇرىغا كىرگۈزۈڭ، ”كىرت“ قىلغان ئاۋاز چىققان بولسا، كارتىنىڭ جايىغا سېلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كارتىنى چىقارغاندا كارتىنى يېنىككىنە بېسىپ قويساق ئېلاستىك ھالدا ئالدىغا تېپىپ چىقىدۇ، بۇ چاغدا كارتىنى چىقىرىۋالساق بولىدۇ.

سانلىق مەلۇمات ئوقۇۋاتقاندا ياكى كارتىغا سانلىق مەلۇمەت يېزىلىۋاتقاندا، كارتىنى چىقىرىۋەتمەڭ ياكى توكنى ئۈزۈۋەتمەڭ، بولمىسا سانلىق مەلۇماتلار يوقاپ كېتىشى، بۇزۇلۇشى ھەتتا كارتىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. كارتىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتمىسىڭىز كارتىنى مەھسۇلات ئىچىدىن چىقىرىۋېتىڭ.

كۆچۈرۈش ۋە ئۆچۈرۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كارتىنى تارتىپ چىقارماڭ.

## 7-1 RESET ئىقتىدارنى ئىشلىتىش

ناۋادا مەھسۇلات نورمال ئىجرا بولمىسا، ماشىنا ئارقا يۈزىدىكى [RESET] تۆشۈكىنى بېسىپ سىستېمىنى دەسلەپلەشتۈرۈڭ، بۇ چاغدا سىستېما بەلگىلەشلىرى ئەسلىگە قايتىدۇ، بۇ ئىقتىدارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن [سىستېما بەلگىلەش] كە كىرىپ مۇناسىۋەتلىك پارامېتىرلارنى قايتىدىن بەلگىلەڭ.

## 8-1 كىرگۈزۈش ئۇسۇلى

تەھرىرلەش كۆزنىكىدە، كۇنۇپكا تاختىسىدىن [كىرگۈزگۈچ] كۇنۇپكىسىنى باسقاندا ياكى ئېكران يۈزى ئوڭ ئاستىنقى بۇرجەكتىكى ئايكوننى چەككەندە، كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى تاللاش رامكىسى چىقىدۇ. [ئاست] [ئۈست] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى تاللىغىلى بولىدىغان بولۇپ، بۇ مەھسۇلاتتا ئىنگلىزچە (رەقەم) كىرگۈزگۈچ، خەنزۇچە بەش سىزىقلىق كىرگۈزگۈچ، خەنزۇچە پىنيىن كىرگۈزگۈچ، بىخۇا بويىچە كىرگۈزگۈچ، رەقەم كىرگۈزگۈچ، تېنىش بەلگىلىرى كىرگۈزگۈچ، يېرىم ئېكران قەلەمىيازما كىرگۈزگۈچ، پۈتۈن ئېكران قەلەمىيازما كىرگۈزگۈچ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئەرەبچە ۋە تۈركچە كىرگۈزگۈچلەر تەمىنلەنگەن.




■ ئىنگلىزچە كىرگۈزگۈچ: ئىنگلىزچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى تاللىغاندىن كېيىن، كۇنۇپكا تاختىسىدىكى رەقەم كۇنۇپكىسىنى بېسىپ بىۋاستە رەقەم كىرگۈزۈشكە، ھەرپ كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ كىچىك ھەرپلەرنى كىرگۈزۈشكە، [Shift] + [ھەرپ] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ چوڭ يېزىلىشتىكى ھەرپلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

■ خەنزۇچە كىرگۈزگۈچ: خەنزۇچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى (بەش سىزىق، پىنيىن ۋە بىخۇا كىرگۈزۈش ئۇسۇلى) نى تاللىغاندىن كېيىن، [ھەرپ] كۇنۇپكىسىنى باسقاندا، نامزات سۆزلۈكلەر قۇرىدا مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە خەتلەر تىزىلىدۇ، [بوشلۇق] كۇنۇپكىسى ياكى نامزات سۆزلۈكلەر ئالدىدىكى ماس [رەقەم] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ خەنزۇچە خەتنى كىرگۈزگىلى بولىدۇ. پىنيىن بويىچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدا كىرگۈزۈش قۇرىدا پىنيىن بار ھالەتتە ، ، ، ئايكوننى چېكىپ، ماس ھالدا 1، 2، 3، 4 دىن ئىبارەت تون بەلگىلىرىنى قويۇشقا بولىدۇ، [F1]~[F5] كۇنۇپكىلىرىنى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، ماس ھالدا 1، 2، 3، 4 ۋە يېنىك تونغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

■ رەقەم كىرگۈزگۈچ: [رەقەم] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ رەقەم كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

■ تىنىش بەلگىلىرى كىرگۈزگۈچ: كۇنۇپكا تاختىسىدىكى [تىنىش بەلگىلىرى] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئالاھىدە تىنىش بەلگىلىرىنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

■ يېرىم قەلەمىيازما ۋە پۈتۈن قەلەمىيازما كىرگۈزگۈچ: يېرىم قولىيازما ۋە پۈتۈن قەلەمىيازما كىرگۈزۈش ھالىتىدە، ئىنگلىزچە، خەنزۇچە ۋە رەقەم كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى تاللاپ، قەلەم بىلەن ئېكرانغا يازغاندا، ئېكراندا يېقىن بولغان نامزات خەت ۋە بەلگىلەر كۆرۈنىدۇ، كىرگۈزۈش قۇرىغا توغرا بولغان خەت ۋە ھەرپ تاللاپ كىرگۈزۈلىدۇ.

■ ئۇيغۇرچە كىرگۈزگۈچ: ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى تاللانغاندىن كېيىن، ھەرپ كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

■ قازاقچە كىرگۈزگۈچ: قازاقچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى تاللانغاندىن كېيىن، ھەرپ كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ قازاقچە ھەرپلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

■ ئەرەبچە كىرگۈزگۈچ: ئەرەبچە كىرگۈزۈش ئۇسۇلى تاللانغاندىن كېيىن، [ھەرپ] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ ئەرەبچە ھەرپلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

■ تۈركچە كىرگۈزگۈچ: ھەرپلەرنى بېسىپ تۈركچە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

# 2. باب دەرسلىك ئوقۇتقۇ (چەكمە ئاۋازلىق ئوقۇتۇش)

دەرسلىك ئوقۇتقۇ ئىقتىدارى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىقى تورلۇك دەرسلىكلەرنى ئاۋازلىق ئۆگىنەلەيدۇ. [دەرسلىك ئوقۇتقۇ] نى چېكىپ بۆلەككە كىرگىلى بولىدۇ، ماشىنىدا ئەگەردە دەرسلىك بار بولسا، تىزىملىكتىن دەرسلىكنى تاللاپ چەكمە ئاۋازلىق ئۆگىنىش ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ.

## 2-1 دەرسلىك ئوقۇتۇش



بىۋاستە چېكىش ياكى كۇنۇپكا تاختىسىدىن [ئاست] [ئۈست] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ ۋە ياكى مائۇس ئوڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ سۈرۈپ، تېكىست مەزمۇنىنى بەت ئاتلاپ كۆرۈشكە بولىدۇ؛ ياكى كۇنۇپكا تاختىسىدىن رەقەم كۇنۇپكىسىنى ۋە [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ، بەت ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. مەزمۇن چېكىلگەندە ئاپتوماتىك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؛ [Esc] نى بېسىپ چەكمە ئاۋازلىق ئۆگىنىش بۆلىكىدىن چېكىنگىلى بولىدۇ.

ئېكران سول ئاستىنقى بۇرجەكتىكى [M] كۇنۇپكىسىنى چېكىپ ياكى [بوشلۇق] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تىزىملىك ئىستونىنى كۆرسىتىشكە؛ تىزىملىكتىكى بۇيرۇقلارنى چېكىش ياكى كۇنۇپكا تاختىسىدىن [Z]، [R]، [T]، [P]، [S]، [F1]~[F6] ۋە [O] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ ماس مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. تىزىملىك قورالىدا: تېكىست مەزمۇنىنى چەكمە ئوقۇتۇش، تەكرار ئوقۇتۇش، پۈتۈن ئوقۇتۇش ئىقتىدارى شۇنداقلا تېكىست چۈشەندۈرۈش ۋە رول تاللاپ رول ئويناش ئىقتىدارى تەمىنلەنگەن؛ ئوقۇتۇش داۋامىدا، [توختاش] ياكى [تورمۇزلاش] نى چېكىپ ئوقۇتۇشنى توختاتقىلى ياكى تورمۇزلىغىلى بولىدۇ؛ مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۇن-سىن سانلىق مەلۇمات ئۇزىتىش سىمى بىلەن مەھسۇلاتنى تېلېۋىزور بىلەن چېتىپ، [TVOUT] نى چېكىپ، TVOUT ئېغىزى ئارقىلىق دەرسلىك رەسىمىنى تېلېۋىزورغا چىقىرىپ ئۆگىنىش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؛ [سىناق] كۇنۇپكىسىنى چېكىپ، دەرسلىك مەزمۇنىدىن سىناق ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە

بولىدۇ؛ [چوڭ-كىچىك] نى چېكىپ، مەزمۇننى ئەسلى رەسىم ھالىتى، پۈتۈن رەسىم ھالىتى ۋە 50% ھالىتىدە چوڭايتىپ-كىچىكلىتىپ كۆرگىلى بولىدۇ. سەكرىمە كۆزنەك ھالىتىدە، سۆزلۈكنى چېكىپ سۆزلۈك مەنىسىنى ئىزدىگىلى ياكى خەنزۇچە خەتنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. چېكىلگەن مەزمۇننى ئوقۇتۇشقا، ئەگىشىپ ئوقۇشقا ۋە تەكرار ئوقۇشقا بولىدۇ. ئەگەردە ئىزدەش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىلى بولمىسا، [كۆزنەكنى تاقاش] نى چېكىپ، سەكرىمە كۆزنەك ھالىتىنى تاقىۋېتىشكە بولىدۇ؛ [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] نى چېكىپ، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى بەتتىكى مەزمۇنلارنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

# 3. باب ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش

ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش بۆلىكىدە ئۇنىۋېرسال ئىزدەش، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش، ئەدەبىيات ئۆگىنىش، ماتېماتىكا ئۆگىنىش، فىزىكا ئۆگىنىش، خىمىيە ئۆگىنىش، بىئولوگىيە ئۆگىنىش، جۇغراپىيە ئۆگىنىش، سىياسەت ئۆگىنىش، تارىخ ئۆگىنىش، كارتونلۇق ئۆگىنىش، داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار سىن دەرسخانىسى، تەقلىدىي ئىمتىھان، دىئالوگ قاتارلىق ئىقتىدار بۆلەكلىرى تەمىنلەنگەن.

## 3-1 ئۇنىۋېرسال ئىزدەش




ئۇنىۋېرسال ئىزدەش ئىقتىدارى ئارقىلىق ئومۇمىي پەن، جۈملە، MP3، FLASH، رەسىم ۋە ئېلكىتاب قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىزدەشكە بولىدۇ. [TAB] نى بېسىپ ئالماشتۇرۇشقا ياكى ئىزدەش تۈرىنى چېكىپ، [Enter] نى بېسىپ ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئىزدەش نەتىجىسى كۆزنىكىدە، [ئاست] [ئۈست] [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ ياكى چېكىپ، ئىزدەش تىزىملىكىنى زىيارەت قىلىشقا بولىدۇ.

ئىندېكس ھۆججىتى «ئىزدەش ئىندېكسىنى تۈرغۇزۇش پروگراممىسى» ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ: ئۈسكۈنىنى PC كومپيۇتېر بىلەن ئۇلاپ، «ئىزدەش ئىندېكسىنى تۈرغۇزۇش پروگراممىسى» دىن مۇناسىپ تۈرنى تاللىغاندىن ئىندېكس ھۆججىتىنى ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ھۆججەت كۆچمە دىسكىنىڭ “SEARCH” مۇندەرىجىسىگە ساقلىنىدۇ. ئەگەردە بۇ ئىندېكس ھۆججىتى بولمىسا، چۈشۈرۈلگەن ماتېرىياللاردىن ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.

## 3-2 ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش مەزمۇنلىرى تېكىست ئۆگىنىش، تەكرارلاش باغچىسى، ياندىش مەشقلەر ۋە ماس قەدەم سۆزلۈكلىرى قاتارلىق كۆپ خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، تېكىست ئۆگەنگەندە قويۇش، تەكرار قويۇش، ئەگىشىپ ئوقۇش، تەرجىمە ۋە A-B تەكرار ئوقۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تېكىست مەزمۇنىنى

ئۆگەنگىلى بولىدۇ؛ تەكرارلاش باغچىسىدا تېكىست مەزمۇنى ئانالىزى ئارقىلىق تېكىستنى چۈشىنىشكە بولىدۇ؛ ياندىش مەشىقتە بولسا سوئال ئىشلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا تېكىستنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ؛ ماس قەدەم سۆزلۈكلىرىدە بولسا تېكىستتىكى خام سۆزلۈكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەدەبىيات ئۆگىنىش، ماتېماتىكا ئۆگىنىش، فىزىكا ئۆگىنىش، خىمىيە ئۆگىنىش، بىئولوگىيە ئۆگىنىش، جۇغراپىيە ئۆگىنىش، سىياسەت ئۆگىنىش، تارىخ ئۆگىنىش قاتارلىق بۆلەكلەرنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش مەشغۇلاتى بىلەن ئوخشاش.

### 3ـ3 كارتونلۇق ئۆگىنىش

كارتونلۇق ئۆگىنىش بولسا flash ۋە سىن فورماتتىكى ھۆججەتلەرنى قويۇش ئارقىلىق ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئىنگلىز تىلى بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان بۆلەكتۇر.

### 3ـ4 داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانىسى

■دەرسلىك تاللاش: دەرسلىك تاللاش تىزىملىكىدىن دەرسلىكنى تاللاپ ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

**[ئەسكەرتىش]** ھۆججەت تىزىملىكى ئورنىدىكى نائۇشىنىك ئايكونى يورۇق ھالەتتە بولسا، ماشىنا ئىچىدە دەرسلىك مەزمۇنى بار بولۇپ ئۆگىنىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەردە كۈلرەڭ ھالەتتە بولسا مۇناسىۋەتلىك دەرسلىك مەزمۇنىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ھالەتتە دەرسلىك ماتېرىياللارنى بەلگىلەنگەن مۇندەرىجىگە چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۆگىنىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: "高一语文403.avi" ھۆججىتىنى / "磁盘管理/本地磁盘（c）/名师高徒/语文" ئىچىگە كۆچۈرگەندىن كېيىن نورمال ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

■ داڭلىق ئوقۇتقۇچىلارنى تونۇشتۇرۇش: بۇ قىسىمدا دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچىلار تونۇشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، كونكېرت مەشغۇلاتى [ئوقۇغۇچىلار كۇتۇبخانىسى] مەشغۇلاتى بىلەن ئوخشاش.

■ تېكىست ئۆگىنىش: بۇ قىسىمدا ئىنگلىز تىلى، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئەدەبىيات، تارىخ، بىئولوگىيە ۋە جۇغراپىيىدىن ئىبارەت 8 خىل پەن بىلىملىرىنى ئۆگەنگىلى بولىدىغان بولۇپ، كونكرېت مەشغۇلاتى [شادلىق كىنوخانىسى] بۆلىكىنىڭ مەشغۇلاتى بىلەن بىردەك.

### 3ـ5 تەقلىدىي ئىمتىھان

بۇ قىسىمدا ھەر قايسى پەنلەرگە قارىتا چىقىرىلغان سىناق سوئاللىرى بار بولۇپ، تەقلىد ۋە مەشىقتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. تەقلىدىي ئىمتىھاندا بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا، سىستېما ئاپتوماتىك ھالدا ئىمتىھان قەغىزىنى

تاپشۇرىدۇ؛ لېكىن مەشىق بۆلىكىنى تاللاپ سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايسىز، سوئالغا جاۋاب بېرىش جەريانىدا يەنە سوئال يەشمىسى (ئانالىزى) نى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 3-6 دىئالوگ

### 3-6-1 جۈملە شەكلىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرۈش

[ئاست] [ئۈست] [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ جۈملە مەزمۇنىنى زىيارەت قىلىشقا؛ [تەلەپپۇز] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ يەككە جۈملىنى ئوقۇتۇشقا؛ [F1] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ باشتىن-ئاخىرىغىچە تەلەپپۇز مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشقا؛ [F2] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ تەكرار ئوقۇتۇشقا؛ [F3] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ ئەگىشىپ ئوقۇشقا بولىدۇ.

A-B تەكرار ئوقۇش: ئوقۇتۇش ياكى قويۇش ھالىتىدە [A] كۇنۇپكىسىنى بىر قېتىم بېسىپ ياكى چېكىپ A-B قايتا ئوقۇش ئىقتىدارىنىڭ A نۇقتىسىنى بەلگىلەشكە، [B] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ B نۇقتىنى بېكىتىشكە بولىدۇ. A، B نۇقتا تاللانغاندىن كېيىن A-B تەكرار ئوقۇش ھالىتىدە قويۇلىدۇ، بۇ ھالەتتە [Esc] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ بۇ ھالەتتىن چېكىنىپ چىقىشقا بولىدۇ.

### 3-6-2 دىئالوگ شەكلىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرۈش

[ئاست] [ئۈست] [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ جۈملە مەزمۇنىنى زىيارەت قىلىشقا؛ [تەلەپپۇز] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ يەككە جۈملىنى ئوقۇتۇشقا؛ [F1] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ باشتىن-ئاخىرىغىچە تەلەپپۇز مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشقا؛ [F2] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ تەكرار ئوقۇتۇشقا؛ [F3] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ ئەگىشىپ ئوقۇشقا؛ ئوقۇتۇش ياكى قويۇش ھالىتىدە A-B تەكرار ئوقۇش ئىقتىدارىنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ. دىئالوگ مەزمۇنىنى كۆرۈش جەريانىدا، [F4] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ رول بويىچە ئوقۇغىلى؛ [F5] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ رول بويىچە قويغىلى بولىدۇ.

### 3-6-3 كۆپ تىللىق دىئالوگ

زىيارەت كۆزنىكىدە [ئاست] [ئۈست] [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ جۈملە مەزمۇنىنى كۆرۈشكە؛ [Tab] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ نۇر بەلگە نۇقتىسىنى ئالماشتۇرۇشقا؛ ئوقۇش ياكى قويۇش ھالىتىدە [F6] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ A-B تەكرار ئوقۇتۇشقا؛ [F1 قويۇش] نى چېكىپ ياكى [F1] نى بېسىپ باشتىن-ئاخىرىغىچە جۈملىنى ئوقۇتۇشقا؛ [F2] نى بېسىپ ياكى [F2 تەكرار] چېكىپ تەكرار ئوقۇتۇشقا؛ [F3] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [F3 ئەگىشىش] نى چېكىپ ئەگىشىپ ئوقۇشقا؛ [تىل ئالماشتۇرۇش] نى چېكىپ باشقا تىللاردا كۆرسىتىشنى تاللاشقا؛ [ئوقۇش قېتىمى] نى چېكىپ ئوقۇش قېتىم سانىنى بەلگىلەشكە بولىدۇ.

# 4. باب ئىككىنچى دەرسخانا

ئىككىنچى دەرسخانا بۆلىكى: ئىنگلىز تىلى باغچىسى، ئەدەبىيات باغچىسى، ماتېماتىكا باغچىسى، فىزىكا باغچىسى، خىمىيە باغچىسى، بىئولوگىيە باغچىسى، جۇغراپىيە باغچىسى، سىياسەت باغچىسى، تارىخ باغچىسى، ساز-شاھمات خەتتاتلىق، كومپيۇتېر دەرسخانىسى، ھېكايە باغچىسى، كىتاب خەزىنىسى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، سۆز تۇتاشتۇرۇش، خەنزۇچە قامۇس ۋە ئۇيغۇرچە قامۇس قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان.

## 1-4 ئىنگلىز تىلى باغچىسى

**ئىنگلىز تىلى دەرسخانىسى:** ھەرپلەرنى تونۇش، ترانسكرىپسىيە ئۆگىنىش، گراماتىكا ئۆگىنىش، جۈملە تۈزۈش مەشقى، تەلەپپۇز باھالاش، تېكىست يادلاش، سۆزلۈك يادلاش، ئاڭلاش مەشقى، ئېغىز تىلى مەشقى، تەرجىمە مەشقى، ئىنگلىزچە ماقاللار، ئىنگلىزچە تەمسىللەر، سۆز ياساش قائىدىسى، قائىدىسىز پېئىللار ۋە ئىنگلىز تىلى يېزىقچىلىقى ۋە ئۇيغۇرچە ئىنگلىز تىلى بىلىملىرى قاتارلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپقان.

**ھەرپلەرنى تونۇش:** كارتونلۇق ھەركەتچان ھالەتتە ئىنگلىز تىلىدىكى 26 دانە ھەرپنىڭ يېزىلىشى ۋە مۇناسىۋەتلىك سۆزلۈكلەرنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

**ترانسكرىپسىيە ئۆگىنىش:** كارتونلۇق ھەركەتچان ھالەتتە سوزۇق تاۋۇش، ئۈزۈك تاۋۇش، تەلەپپۇز قانۇنىيتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق ترانكرىپسىيە بەلگىلىرىنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

**گراماتىكا ئۆگىنىش:** ياندىش گراماتىكا، ئەمەلىي گراماتىكا، مىسال يەشمىسى، تاللانما مەشىقلەر ۋە كارتونلۇق گراماتىكا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەپسىلىي تېكىست مەزمۇنى ۋە كارتونلۇق گراماتىكا لىكسىيىلىرى، مىسال ئانالىزى، مىسال مەشقى ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسىنى ئەتراپلىق ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

**جۈملە تۈزۈش مەشقى:** تەرتىپى قالايمىقان قىلىۋېتىلگەن بىر تۈركۈم سۆزلۈكلەردىن پايدىلىنىپ ئىنگلىزچە جۈملە تۈزۈش مەشقى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**تەلەپپۇز باھالاش، تېكىست يادلاش:** سىزنىڭ تەلەپپۇزىڭىزغا قارىتا باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ، يەنە يادلاش، تەرجىمە ۋە نەتىجىنى كۆرۈش قاتارلىق ئىقتىدارلىرى بار.

**سۆزلۈك يادلاش:** سۆزلۈك ئەستە ساقلاش، ئېبېنخوس ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى، سۆزلۈك تەكرارلاش، قىيىن سۆزلەر خاتىرىسى، سۆزلۈك تاللاشتىن تەركىب تاپقان. توختىماستىن يادلاش ۋە سۆزلۈكنى تەكرارلاش ئارقىلىق سۆزلۈكنى ئەستە ساقلاش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**ئاڭلاش مەشقى:** ئاڭلاش ماھارىتى، ئاڭلاش مەشقى ۋە ئاڭلاش ئىمتىھانىدىن

تۈزۈلگەن. ئاڭلاش ماھارىتى زىيارەت شەكلىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئۇسۇل؛ ئاڭلاش مەشىقىدە ئاڭلىغان جۈملىگە ئاساسەن كەم قالغان سۆزلۈكلەر تولدۇرۇلىدۇ؛ ئاڭلاش ئىمتىھانىدا بولسا ئاڭلاش سىناق سوئاللىرىنى ئىشلەش ئارقىلىق ئاڭلاش ئىقتىدارى ئۆستۈرىلىدۇ.

**ئېغىز تىلى مەشقى:** بۇ قىسىمدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئىنگلىز تىلى ئېغىز تىلى مەشقى ئارقىلىق ئوقۇش، تەلەپپۇزنى قويۇش، تەكرار ئوقۇش، ئەگىشىپ ئوقۇش، A-B تەكرار ئوقۇش ۋە تىل ئالماشتۇرۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

**تەرجىمە مەشقى:** خەنزۇچە-ئىنگلىزچە ئۆزئارا تەرجىمە ئىقتىدارى بولۇپ، تەرجىمە شەكلىنى ئۆزگەرتكىلى، ئالدىنقى جۈملە ۋە كېيىنكى جۈملىنى ئالماشتۇرغىلى ۋە سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.

**ئىنگلىزچە ماقالىلار، ئىنگلىزچە تەمسىلەر، سۆز ياساش قائىدىسى، قائىدىسىز پېئىللار:** لۇغەت شەكلىدىكى ئىنگلىز تىلىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئۆگەنگىلى، ئىزدىگىلى بولىدۇ.

**ئىنگلىز تىلى يېزىقچىلىقى:** ماقالە لېكسىيىسى، جۈملە شەكلى ئانالىزى، يېزىقچىلىق ماھارىتى، ئېسىل سۆز-ئىبارىلەر، سەر خىل ماقالىلەر قاتارلىقلاردا زىيارەت شەكلىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىز تىلى يېزىقچىلىقىدىكى ئۇسۇللار، بىلىملەر ئۆگىتىلىدۇ. [يېزىقچىلىق قىلمەن] ئىقتىدارىدا يېڭىدىن قۇرۇش، تۈزىتىش، ئۆچۈرۈش ۋە قويۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. يېڭىدىن يېزىلغان ماقالىلار “\英语园地\英语写作\” گە ساقلىنىدۇ.

**ئۇيغۇرچە ئىنگلىز تىلى بىلىملىرى:** بۇ قىسىمدا تۈرلۈك ئىنگلىز تىلى بىلىملىرى ئۇيغۇر يېزىقىدا تەمىنلەنگەن.

**4-2 ئەدەبىيات باغچىسى**

ئەدەبىيات باغچىسىدا: پىنيىن ئۆگىنىش، بىخۇا ئۆگىنىش، خەنزۇچە خەت ئۆگىنىش، خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسى، جۈملە تۈزۈش مەشىقى، ئوڭاي خاتالىشىدىغان خەتلەر مەشقى، ئوخشاي ئايرىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان خەتلەر مەشىقى، ئاھاڭداش خەتلەر مەشىقى، مەنىداش سۆزلەر مەشىقى، ئىدىئوم مەشىقى، خەنزۇچە ماقالىلار، خەنزۇچە تەمسىللەر، قىزىقارلىق ئەدەبىيات، ئەدەبىيات يېزىقچىلىقى، ئۈلگىلىك ماقالىلەر ۋە ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بار.

**پىنيىن ئۆگىنىش:** بۇ قىسىمدا كارتونلۇق ھەرىكەتچان ھالەتتە شىڭمۇ، يۈنمۇ، يۈتۈن بوغۇم ۋە پىنيىن باللار ناخشىسى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، ئاڭلاش، سۆزلەش، يېزىش، مەشىق قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردا ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

**بىخۇا ئۆگىنىش:** ئاۋازلىق كارتون ھالەتتە بىخۇا نامى، يان بۆلەك ۋە يېزىش تەرتىۋىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەك ئارقىلىق بىخۇاغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئەتراپلىق

ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

**خەنزۇچە خەت ئۆگىنىش:** دائىملىق خەنزۇچە خەتلەرنىڭ پىنيىنى، يان بۆلىكى، قۇرۇلمىسى، بىخۋاسى، بەش سىزىقلىق كىرگۈزۈش ئۇسۇلى، سۆز بىرىكمىسى، خەت مەنىسى، مىسالى، يېزىلىش كۆرسەتمىسى ۋە تاق بىخۋالىق يېزىلىشى قاتارلىقلار كۆرسىتىلىدۇ، ھەممە خەنزۇچە خەتنىڭ يېزىلىشىنى قىزىل بوياپ ئۆگەنگىلى، ئوقۇتقىلى، تەكرار ئوقۇتقىلى ۋە ئەگىشىپ ئوقۇغىلى بولىدۇ.

**خەنزۇ تىلى گراماتىكىسى:** دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجە ھالىتىدە خەنزۇچە تىلى گراماتىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەردە رەسىم كىرگۈزۈلگەن بولسا F1 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ رەسىمنى كۆرۈشكە بولىدۇ.




نۇر بەلگىنى سول تەرەپتىكى دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجىگە توغرىلاپ، [ئاست] [ئۈست] [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ ياكى چېكىپ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇننى كۆرگىلى بولىدۇ. نۇر بەلگىنى ئوڭ تەرەپتىكى زىيارەت كۆزنىكىگە ئەكىلىپ، [ئاست] [ئۈست] [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ ياكى سىيرىلما تاياقچىنى تارتىپ، مەزمۇننى ئاستى-ئۈستىگە يۆتكەپ كۆرۈشكە بولىدۇ؛ مەزمۇنغا قارىتا تەتۈر تاللاپ ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؛ [تەلەپپۇز] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [تەلەپپۇز] ئايكوننى چېكىپ، مەزمۇننى ئوقۇتقىلى؛ ھەم رەسىمنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

**خەنزۇچە جۈملە تۈزۈش مەشىقى:** بۇ بۆلەكتە جۈملىنى قالايمىقان قىلىۋېتىپ، ئىشلەتكۈچىلەردىن سۆزلەرنى تاللاپ جۈملە تۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ، توغرا جۈملە تۈزۈلسە نومۇر بېرىلىدۇ، خاتا تۈزۈلسە توغرا جاۋابى كۆرسىتىلىپ نومۇر بېرىلمەيدۇ. [ئاتلاپ ئىزدەش] ئارقىلىق سۆزلۈك مەنىسىنى ئىزدىگىلى، [ئانالىز] ئارقىلىق جاۋابنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئوخشاي خاتالىشىدىغان خەتلەر مەشىقى، ئوخشاي ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان خەتلەر مەشىقى، ئاھاڭداش خەتلەر مەشىقى، مەنىداش سۆزلەر مەشىقى، ئىدىئوم مەشىقى: كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خەنزۇچە خەتلەرنى ئىشلىتىش داۋامىدىكى ئوخشاي خاتالىق يۈز

بېرىدىغان جايلارنى مەشىق قىلىش ئارقىلىق خەنزۇچە خەتنى ئىگىلەشنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، توغرا جاۋابنى تاللاش ۋە توغرا خەتنى تولدۇرۇش مەشىق ئۇسۇلى بار، خالىغان ۋاقىتتا يەشىمىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**خەنزۇچە ماقالالار، خەنزۇچە تەمسىلەر:** لۇغەت شەكلىدە خەنزۇ تىلى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزدەش ئەمەلگە ئاشۇرىلىدۇ.

**قىزىقارلىق ئەدەبىيات:** ئەدەبىيات ساۋاتلىرى، يۇمۇرلار، تېز سۆزلەش، قوشاق قېتىش، تېپىشماق تېپىش، ئەقىل ئىشلىتىش، مەسنەۋىيلەرلەردىن تەركىپ تاپقان.

**ئەدەبىيات يېزىقچىلىقى:** بۇ قىسىمدىكى يېزىقچىلىق لىكسىيىسى، يېزىقچىلىق ماھارىتى ۋە ئېسىل سۆز-جۈملىلەر زىيارەت شەكلىدە ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى يېزىقچىلىقى توغرىسىدىكى ئۇسۇللارنى ئۆگىتىدۇ. [يېزىقچىلىق قىلىمەن] ئىقتىدارىدا يېڭىدىن قۇرۇش، تۈزىتىش، ئۆچۈرۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. يېڭى يېزىلغان ماقالالار ”\语文园地\语文写作\“ دە ساقلىنىدۇ.

### 3-4 ماتېماتىكا باغچىسى

بۇ بۆلەكتە سانلارنى تونۇش، ھېسابلاش قائىدىسى، ھېساب ناخشىسى، تۆت ئەمەل ھېسابلاش، گېئومېترىيىلىك شەكىللەر، ماتېماتىكا فورمۇلىلىرى، ماتېماتىكا تېئورېمىلىرى، ئولىمپىك ماتېماتىكا يېتەكچىسى، ئولىمپىك ماتېماتىكا سوئاللىرى، قوللىنىشچان سوئاللار، ماتېماتىكا بىلىملىرى، قىزىقارلىق ماتېماتىكا، ماتېماتىكا تەجرىبىخانىسى ۋە ئۇيغۇرچە ماتېماتىكا بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بار.

**سانلارنى تونۇش:** ھەرىكەتچان كارتون ھالەتتە 0 دىن 10 غىچە بولغان سانلارنى تونۇش چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ.

**ھېسابلاش قائىدىسى:** قوشۇش قائىدىسى، ئېلىش قائىدىسى، كۆپەيتىش قائىدىسى ۋە بۆلۈش قائىدىسى ئۆگىتىلىدۇ.

**ھېساب ناخشىسى:** ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش قائىدىلىرى ھېساب ناخشىسى شەكلىدە قويۇلۇپ ئۆگىتىلىدۇ.

**تۆت ئەمەل ھېسابلاش:** قوشۇش-ئېلىش-كۆپەيتىش-بۆلۈش ئەمەللىرىنى ھېسابلاش ئۆگىتىلىدۇ.

**گېئومېترىيىلىك شەكىللەر:** كارتونلۇق زىيارەت شەكلىدە تۈرلۈك گېئومېترىيىلىك شەكىللەر توغرىسىدىكى بىلىملەر ئۆگىتىلىدۇ.

**ماتېماتىكا فورمۇلىلىرى:** تۈرگە ئايرىلغان ماتېماتىكا فورمۇلىلىرىنى ئىزدەش، زىيارەت قىلىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

**ماتېماتىكا تېئورېمىلىرى:** ماتېماتىكا تېئورېمىلىرى تونۇشتۇرىلىدۇ.

**ئولىمپىك ماتېماتىكا يېتەكچىسى، ئولىمپىك ماتېماتىكىسى سوئال ئامبىرى:** ئولىمپىك ماتېماتىكا بىلىملىرى تونۇشتۇرىلىدۇ ۋە سىناق سوئاللىرىنى ئىشلىگىلى

بولىدۇ.
**قوللىنىشچان سوئاللار:** قوللىنىشچان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ماھارىتى تونۇشتۇرۇلىدۇ، قوللىنىشچان سوئاللار ئىشلىنىدۇ.
**ماتېماتىكا بىلىملىرى:** ماتېماتىكشۇناس، ماتېماتىكا قوراللىرى، بەلگىلەر، ماتېماتىكا ھېكايىلىرى قاتارلىق بىلىملەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.
**قىزىقارلىق ماتېماتىكا:** قىزىقارلىق ھەم كىلاسسىك ماتېماتىكا بىلىملىرىگە جاۋاب بېرىلىدۇ.
**ماتېماتىكا تەجرىبىخانىسى:** سىن ۋە كارتون ھالەتتىكى مەزمۇنلار ئارقىلىق ماتېماتىكىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر ئۆگىنىلىدۇ.
**ئۇيغۇرچە ماتېماتىكا بىلىملىرى:** بۇ قىسىمدا تۈرلۈك ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېماتىكا بىلىملىرى تەمىنلەنگەن.

## 4-4 فىزىكا باغچىسى

فىزىكا فورمۇلىلىرى، فىزىكا ئۆگىنىش ئۇسۇلى، فىزىكا تەجرىبىخانىسى، تۇرمۇشىمىزدىكى فىزىكا، قىزىقارلىق فىزىكا ھېكايىلىرى، فىزىكا رەسىملىرى، پەن-تېخنىكا ۋە فىزىكا، جۇڭگو-چەتئەل فىزىكا ئالىملىرى ۋە ئۇيغۇرچە فىزىكا بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بار.
**فىزىكا فورمۇلىلىرى:** فىزىكىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك فورمۇلالارنى زىيارەت قىلغىلى ھەمدە ئوقۇتقىلى ھەم ئىزدىگىلى بولىدۇ.
**فىزىكا تەجرىبىخانىسى:** سىن ۋە كارتون ھالەتتىكى مەزمۇنلار ئارقىلىق فىزىكىغا مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە بىلىملىرى ئۆگىنىلىدۇ.
فىزىكا ئۆگىنىش ئۇسۇلى، تۇرمۇشىمىزدىكى فىزىكا، قىزىقارلىق فىزىكا ھېكايىلىرى، فىزىكا رەسىملىرى، پەن-تېخنىكا ۋە فىزىكا، جۇڭگو-چەتئەل فىزىكا ئالىملىرى: بۇلار دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجە ھالىتىدە زىيارەت قىلىنىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، رەسىم كۆرگىلى، مەزمۇننى ئوقۇتقىلى، تەتۈر ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

## 5-4 خىمىيە باغچىسى

خىمىيە فورمۇلىلىرى، خىمىيىۋى ئېلېمېنتلار، خىمىيە ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئولىمپىك يېتەكچىسى، خىمىيە تەجرىبىخانىسى، خىمىيە ۋە مۇھىت، خىمىيە ۋە يېمەك-ئىچمەك، خىمىيە ۋە ساغلاملىق، خىمىيە ۋە ھاۋا رايى، خىمىيە ۋە تۇرمۇش، خىمىيە رەسىملىرى، پەن-تېخنىكا ۋە خىمىيە، جۇڭگو-چەت ئەل خىمىيە ئالىملىرى ۋە ئۇيغۇرچە خىمىيە بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تۈزۈلگەن.
**خىمىيە فورمۇلىلىرى:** خىمىيىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك فورمۇلالارنى زىيارەت قىلغىلى، ئوقۇتقىلى ھەم ئىزدىگىلى بولىدۇ.

**خىمىيــۋى ئېلېمېنــتلار:** خىمىيــۋى ئېلېمېنتلارغــا مۇناســۋەتلىك تولۇقــلۇق مەزمۇنلارنى لۇغەت شەكلىدە زىيارەت قىلغىلى بولىدىغان بولۇپ، يەنە ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

**خىمىــيە تەجرىبىخانىســى:** ســىن ۋە كــارتون ھــالەتتىكى مەزمــۇنلار ئــارقىلىق خىمىيىگە مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە بىلىملىرى ئۆگىنىلىدۇ.

خىمىيە ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئولىمپىك يېتەكچىسى، خىمىيە ۋە مۇھىت، خىمىيە ۋە يېمەك-ئىچمەك، خىمىيە ۋە ساغلاملىق، خىمىيە ۋە ھاۋا رايى، خىمىيە ۋە تۇرمۇش، خىمىيە رەسىملىرى، پەن-تېخنىكا ۋە خىمىيە، جۇڭگو-چەت ئەل خىمىيە ئالىملىرى: بۇلار ئاساسەن دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجە ھالىتىدە زىيارەت قىلىنىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، رەسىم كۆرگىلى، مەزمۇننى ئوقۇتقىلى، تەتۈر ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

## 6-4 بىئولوگىيە باغچىسى

بىئولوگىيە فورمۇللىرى، بىئولوگىيە ساۋاتلىرى، بىئولوگىيە تەجرىبىخانىسى، بىئولوگىيە ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ھايۋانات-ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى، بىئولوگىيە ئاتالغۇلىرى، جانلىقلار ئۇستىدە ئىزدىنىش، بىئولوگىيىدىكى ئەڭ ۋە ئۈيغۇرچە بىئولوگىيە بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**بىئولوگىيە فورمۇللىرى:** بىئولوگىيە فورمۇلالىرىنى كۆرگىلى، مەزمۇننى ئوقۇتقىلى ھەمدە ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

**بىئولوگىيە تەجرىبىخانىسى:** سىن ۋە كارتون ھالەتتىكى مەزمۇنلار ئارقىلىق بىئولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە بىلىملىرى ئۆگىنىلىدۇ.

بىئولوگىيە ساۋاتلىرى، بىئولوگىيە ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ھايۋانات-ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى، بىئولوگىيە ئاتالغۇلىرى، جانلىقلار ئۇستىدە ئىزدىنىش، بىئولوگىيىدىكى ئەڭ: بۇلار ئاساسلىقى دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجە ھالىتىدە زىيارەت قىلىنىدىغان مەزمۇنلار بولۇپ، رەسىمنى كۆرگىلى، مەزمۇننى ئوقۇتقىلى، تەتۈر ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

## 7-4 جۇغراپىيە باغچىسى

يەر شارى بىلىملىرى، جۇغراپىيە ئۆگىنىش ئۇسۇلى، يەر شارىدىكى جانلىقلار، جۇغراپىيە ھادىسىلىرى، يەتتە چوڭ قىتئە، تۆت چوڭ ئوكيان، دۆلەت ۋە رايونلار، دۇنيادىكى مۆجىزىلەر، دۇنيادىكى ئەڭ، دۇنيانىڭ سىرى، دۇنيا مىراسلىرى ۋە ئۈيغۇرچە جۇغراپىيە بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلار ئاساسەن دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجە ھالىتىدە زىيارەت قىلىنىدىغان مەزمۇنلار بولۇپ، رەسىمنى كۆرگىلى، مەزمۇننى ئوقۇتقىلى، تەتۈر ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

## 8-4 سىياسەت باغچىسى

دەرسلىك تەھلىلى، سىياسىي كۆزنەك، سىياسەت ئۆگىنىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ۋە پەلسەپە، سىياسىي ماقالىلەر ۋە ئۇيغۇرچە سىياسەت بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بار. سىياسەت باغچىسىدا ئاساسلىقى سىياسەت توغرىسىدىكى بىلىملەر تەمىنلەنگەن بولۇپ، دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجە زىيارە ھالىتىدە مەزمۇنلارنى يېيىپ كۆرگىلى ھەمدە مۇندەرىجىنى يىغقىلى بولىدۇ، مەزمۇنلارنى ئوقۇتقىلى ھەمدە لۇغەتتىن ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

### 4-9 تارىخ باغچىسى

تارىخ باغچىسىدا: جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى، جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى، دۇنيا تارىخى، تارىخ ئۆگىنىش ئۇسۇلى، ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار، تارىخىي رەسىملەر، تارىخىي داڭلىق شەخسلەر، تارىخىي ھېكايىلەر، تارىخىي مەدەنىيەت ۋە ئۇيغۇرچە تارىخ بىلىملىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بار. بۇلار ئاساسلىقى دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجە ھالىتىدە زىيارەت قىلىنىدىغان مەزمۇنلار بولۇپ، رەسىمنى كۆرگىلى، مەزمۇنىنى ئوقۇتقىلى، لۇغەتتىن تەتۈر ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

### 4-0 ساز-شاھمات، خەتتاتلىق-رەسساملىق

ئاددىي نوتا مەشىقى، بەش سىزىقلىق نوتا مەشىقى، چالغۇ ئەسۋاب مۇزىكىلار، كلاسسىك مۇزىكىلار، رەڭ دۇنياسى، سىزىپ بېقىڭ بوياپ بېقىڭ، داڭلىق رەسىملەر، شاھمات بىلىملىرى، خەتتاتلىق بىلىملىرى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن.

**ئاددىي نوتا مەشىقى، بەش سىزىقلىق نوتا مەشىقى:** كۇنۇپكا تاختىسىدىكى ھەرپلەرنى باسقاندا، ئېكران رامكىسىدا بۇ نوتىنىڭ ئىسمى، بەلگىسى، ئاھاڭ ئىسمى كۆرسىتىلىدۇ ھەمدە ئاۋازلىق كۆرسەتمە بېرىدۇ.

**رەڭ دۇنياسى:** رەسىم ۋە يېزىقلىق كۆرسەتمىگە ئاساسەن توغرا بولغان رەڭنى تاللاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**سىزىپ بېقىڭ بوياپ بېقىڭ:** رەڭسىز ھالەتتىكى رەسىمگە قارىتا بوياش، سىزىش، تولدۇرۇش ئارقىلىق رەڭنىڭ ماسلىشىشى مەشىق قىلىنىدۇ.

چالغۇ ئەسۋاب مۇزىكىلار، كلاسسىك مۇزىكىلار، داڭلىق رەسىملەر، شاھمات بىلىملىرى، خەتتاتلىق بىلىملىرى: دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجە زىيارە ھالىتىدە مەزمۇنلارنى يېيىپ كۆرگىلى ھەمدە مۇندەرىجىنى يىغقىلى بولىدۇ، مەزمۇنلارنى ئوقۇتقىلى ھەمدە لۇغەتتىن ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

### 4-A كومپيۇتېر دەرسخانىسى

بارماق مەشىقى، ئىنگلىزچە كۇنۇپكا مەشىقى، پىنيىن كۇنۇپكا مەشىقى، خەت ئۈزۈش ئويۇنى 1، خەت ئۈزۈش ئويۇنى 2، بەش سىزىق مەشىقى، ئۇيغۇرچە كۇنۇپكا مەشىقى قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان.

**بارماق مەشىقى:** كۆزنەك يۈزىدە كۆرسىتىلگەن كۇنۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق كۇنۇپكا مەشقى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئىنگلىزچە كۇنۇپكا مەشقى، پىنيىن كۇنۇپكا مەشقى:** خەت ئۈرۈش سۈرئىتى ۋە توغرىلىقى سىنىلىدۇ. سىستېما بىر پارچە ئىنگلىزچە ياكى خەنزۇچە ماقالە تەمىنلىگەن بولۇپ، كۇنۇپكىلارنى بېسىپ مۇناسىپ ھەرپ ياكى خەنزۇچە خەت كىرگۈزۈلىدۇ.

**خەت ئۈرۈش ئويۇنى:** ئويۇن ئارقىلىق خەت ئۈرۈش سۈرئىتى ۋە توغرىلىقى مەشىق قىلىنىدۇ.

**بەش سىزىق مەشىقى:** كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇش، خەت يىلتىزى مەشقى، تاق خەت مەشىقى، سۆز بىرىكمىسى مەشىقى، كود ئىزدەش ۋە بەش سىزىق مەشقى قاتارلىق بۆلەكلەر ئارقىلىق بەش سىزىقلىق كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ئۆگىنىلىدۇ.

**ئۇيغۇرچە كۇنۇپكا مەشىقى:** كۆرسەتمىگە ئاساسەن كۇنۇپكىلارنى بېسىپ ئۇيغۇرچە خەت بېسىش مەشىق قىلىنىدۇ.

### 4-B ھېكايە باغچىسى

بۇ بۆلەكتە كارتون، سىن ۋە ئاۋازلىق شەكىلدە تۈزۈلگەن ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ-كۆرگىلى بولىدۇ.

### 4-C كىتاب خەزىنىسى

كىتاب خەزىنىسى بۆلىكىدە مول مەزمۇنلۇق قامۇس بىلىملىرى بار بولۇپ، خەنزۇچە كىتاب خەزىنىسى ۋە ئۇيغۇرچە كىتاب خەزىنىسىگە بۆلۈنگەن. دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجە تىزىملىكتىن مەزمۇنلارنى زىيارەت قىلغىلى، ھەمدە تەتۈر تاللاش ئارقىلىق خالىغان سۆزنى لۇغەتتىن ئىزدىگىلى بولىدۇ.

### 4-D زېھىن سىناش مۇسابىقىسى

بۇ قىسىم تېپىشماق ئويۇنى، ئېنسىكلوپېدىيە بىلىملىرىدىن سىناق، شېئىر-قوشاق توقۇش، تەمسىل تۈزۈشتىن تەركىب تاپقان. سوئالنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىلىدۇ، سىستېما جاۋابنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىپ ئاۋازلىق باھالاش ئېلىپ بېرىدۇ، ئاۋازلىق كۆرسەتمىگە ئاساسەن مەشغۇلات قىلسىڭىز بولىدۇ.

### 4-E سۆز تۇتاشتۇرۇش

سۆز تۇتاشتۇرۇش ئىقتىدارى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، يۇقىرى، ئالاھىدە دەرىجىدىن ئىبارەت بەش خىل تەسلىك دەرىجىسىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، كۆزنەك يۈزىدىكى كونۇپكا كۆرسەتمىسى ۋە ياردەم سىستېمىسى بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىڭ.

### 4-F خەنزۇچە قامۇس

خەنزۇچە قامۇس بۆلىكى: پەننىي بىلىملەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئىنگلىز تىلى گۈلزارى، تۇرمۇش بىلىملىرىدىن تۈزۈلگەن. كونكرېت مەشغۇلاتنى ياردەم

سىستېمىسىدىن پايدىلىنىڭ.

**G-4 ئۇيغۇرچە قامۇس**

ئۇيغۇرچە قامۇس قىسمىدا پەننى بىلىملەر، قانۇن-نىزاملار، تۇرمۇش بىلىملىرى، يۈز مىڭلىغان نېمە ئۇچۇنلەردىن تەركىب تاپقان. كونكرېت مەشغۇلاتىنى ياردەم سىستېمىسىدىن پايدىلىنىڭ.

# 5. باب لۇغەتلەر خەزىنىسى

لۇغەتلەر خەزىنىسىدە: جۈملە تەرجىمان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى، هازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى، خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت، ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت، خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تاق خەتلەر لۇغىتى، خەنزۇچە تاق خەتلەر لۇغىتى، قەدىمكى خەنزۇ تىلى لۇغىتى، ئوڭاي ئارىشىلىپ كېتىدىغان خەتلەر، ئوڭاي خاتالىشىدىغان خەتلەر، ئاھاڭداش خەتلەر، يېقىن، قارىمۇ قارشى سۆزلەر لۇغىتى، تەبىئىي پەنلەر خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە قوش تىللىق لۇغىتى، خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى سۆزلۈكى لۇغىتى، مىليون سۆزلۈك ئىنگلىزچە-خەنزۇچە لۇغەت، كارتون لۇغەت، ئىنگلىزچە-ئىنگلىزچە لۇغەت، ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت، ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە لۇغەت، ئىنگلىزچە-خەنزۇچە لۇغەت، خەنزۇچە-ئىنگلىزچە لۇغەت، دەرىجە سۆزلۈكلىرى لۇغىتى، فورمۇلا لۇغىتى، خىمىيۋى ئېلېمېنتلار، رەسىملىك لۇغەت، رەسىملىك قامۇس، خام سۆز ئامبىرى، ئۆز سۆزلۈك، چۈشۈرۈلمە لۇغەتلەر قاتارلىق لۇغەت ۋە ئىقتىدارلار تەمىنلەنگەن.

## 5-1 جۈملە تەرجىمان

خەنزۇچىنى ئىنگلىزچىگە، ئىنگلىزچىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئۇسۇل تەمىنلەنگەن، [F1] نى بېسىپ تەرجىمە شەكلىنى تاللىغاندىن كېيىن، ئەسلى تېكىست رامكىسىغا مەزمۇن كىرگۈزۈش ياكى تېكىست كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەرجىمە قىلدۇرۇشقا بولىدۇ، تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تەرجىمە مەزمۇنىنى تېكىست شەكلىدە چىقىرىشقا بولىدۇ. [خەت نومۇرى] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تېكىست مەزمۇنىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

## 5-2 ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

ئىزدەش رامكىسىغا ئىزدىمەكچى بولغان سۆزنى كىرگۈزگەندە سول تەرەپتىكى تىزىملىكتە شۇ سۆزگە يېقىن بولغان باش سۆزلەملەر تىزىلىپ چىقىدۇ، [ئۈست] [ئاست] ياكى [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ كۆرمەكچى بولغان سۆزنى تاللىغىلى بولىدۇ. تەلەپپۇز ئايكونىنى چېكىپ ياكى [تەلەپپۇز] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ نۆۋەتتىكى سۆزنى ئوقۇتقىلى، ئەگەردە ئاپتوماتىك تەلەپپۇزغا تەڭشەلگەن بولسا، ئۇلاپ تەلەپپۇز قىلدۇرغىلى بولىدۇ. [F1 بەلگىلەش] كۇنۇپكىسىنى چېكىپ ياكى [F1] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، لۇغەت ئىزدەشنى بەلگىلىگىلى؛ [F2 ئىزدەش خاتىرىسى] نى چېكىپ ياكى [F2] نى بېسىپ ئىلگىرى ئىزدەلگەن سۆزلۈكلەرنى كۆرگىلى؛ [F3 خام سۆز] نى چېكىپ ياكى [F3] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ خام سۆز ئامبىرىغا كىرگىلى بولىدۇ.




[Enter] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى شۇ سۆزنى قوش چېكىپ، سۆزلۈك ئىزاھات كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ. زىيارەت كۆزنىكىدە ئوقۇتۇش، تەكرار ئوقۇتۇش، ئەگىشىپ ئوقۇش، كۆچۈرۈپ يېزىش ۋە خام سۆز ئامبىرىغا ساقلاش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ھەمدە مۇناسىۋەتلىك گراماتىكا خاسلىقلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. [ئالدىنقى بەت] [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ سۆزلۈك ئاتالاپ زىيارەت قىلىشقا، تەتۈر ئىزدەش (ئاتالاپ ئىزدەش) ئىقتىدارى ئارقىلىق ئىزاھاتتىكى سۆزنى باشقا لۇغەتلەردىن ئىزدىگىلى بولىدۇ. (ئالاھىدە ھەرپ-بەلگىلەرنى ئاتلىتىپ ئىزدىگىلى بولمايدۇ)

ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى لۇغىتى، خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت، ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەت، خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تاق خەتلەر لۇغىتى، خەنزۇچە تاق خەتلەر لۇغىتى، ئوخشاي ئارىشىلىپ كېتىدىغان خەتلەر، ئوخشاي خاتالىشىدىغان خەتلەر، ئاھاڭداش خەتلەر، يېقىن، قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى، تەبىئىي پەنلەر خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە قوش تىللىق لۇغىتى، خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى سۆزلۈكى لۇغىتى، مىليون سۆزلۈك ئىنگلىزچە-خەنزۇچە لۇغەت، كارتون لۇغەت، ئىنگلىزچە-ئىنگلىزچە لۇغەت، ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت، ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە لۇغەت، ئىنگلىزچە-خەنزۇچە لۇغەت، خەنزۇچە-ئىنگلىزچە لۇغەت، دەرىجە سۆزلۈكلىرى لۇغىتى، رەسىملىك لۇغەت، چۈشۈرۈلمە لۇغەت قاتارلىقلارنىڭ مەشغۇلات ئۇسۇلى يۇقارقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى مەشغۇلاتى بىلەن بىردەك.

### 5-3 فورمۇلا لۇغىتى

ماتېماتىكا فورمۇلالىرى، فىزىكا فورمۇلالىرى، خىمىيە فورمۇلالىرى ۋە بىئولوگىيە فورمۇلالىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىزدەش ۋە زىيارەت قىلىشقا بولىدۇ.

### 5-4 خىمىيۋى ئېلېمېنتلار

لۇغەت ھالىتىدە خىمىيۋى ئېلېمېنتلارغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك مەزمۇنلارنى زىيارەت قىلغىلى، زىيارەت كۆزنىكىدە تەتۈر ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

### 5-5 رەسىملىك قامۇس

سول تەرەپتىكى دەرەخ شەكىللىك مۇندەرىجىدىن رەسىم مۇندەرىجىسىنى تاللىغاندىن كېيىن ماس رەسىمنى كۆرۈشكە بولىدۇ؛ رەسىمنى چېكىش ياكى رەقەم كۇنۇپكىسى بىلەن ھەرپ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، ماس مەزمۇننى كۆرگىلى بولىدۇ؛ سۆزلۈك مەزمۇنى كۆرۈنگەندىن كېيىن، [ئىنگلىزچە تەلەپپۇز] ياكى [خەنزۇچە تەلەپپۇز] نى بېسىپ ئوقۇتقىلى بولىدۇ؛ سۆزنى تەتۈر تاللاپ مۇناسىۋەتلىك لۇغەتتىن ئاتلاپ ئىزدىگىلى بولىدۇ؛ [مەزمۇن سېلىشتۇرۇش] نى چېكىپ، خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرۇش كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ.

## 6-5 خام سۆز ئامبىرى

خام سۆز ئامبىرى ئىنگلىزچە خام سۆز ئامبىرى، خەنزۇچە خام سۆز ئامبىرى ۋە ئۇيغۇرچە خام سۆز ئامبىرىدىن تۈزۈلگەن، خالىغان خام سۆز ساقلانغان خام سۆز ئامبىرىنى تاللاپ تازىلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىلى، ھەمدە ئېندىكىس كۆزنىكىدە زىيارەت قىلغىلى، مەشغۇلاتى لۇغەت ئىزدەش مەشغۇلاتى بىلەن بىردەك.

## 7-5 ئۆز سۆزلۈك

ئۆز سۆزلۈك ئىقتىدارىغا كىرگەندىن كېيىن ئىنگلىزچە ئۆز سۆزلۈك، خەنزۇچە ئۆز سۆزلۈك ۋە ئۇيغۇرچە ئۆز سۆزلۈكنى تاللىغىلى بولىدۇ. ئۆز سۆزلۈككە يېڭىدىن سۆز قوشقىلى، ھەمدە ئىلگىرى قوشۇلغان سۆزنى تۈزەتكىلى، ئۆچۈرگىلى ۋە تازىلىغىلى بولىدۇ.

# 6. باب ئويۇن دۇنياسى

ئويۇن دۇنياسىدا شادلىق كىنوخانىسى، ناخشا-مۇزىكا، كارتون سەيناسى، سېھىرلىك ئۈنئالغۇ، ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىسى، رەسىم ئالبومى، كىچىك رەسسام، ئەقىل-پاراسەت ئويۇنى، خەتەرلىك ئويۇنلار، چاتما كارتونلار قاتارلىق بۆلەكلەر بار.

## 6-1 شادلىق كىنوخانىسى

[شادلىق كىنوخانىسى] نى چەككەندە، سىن ھۆججىتى تىزىملىكىگە كىرگىلى بولىدۇ، سىن ھۆججىتىنى تاللاپ قويغىلى بولىدۇ. بۇ ئىقتىدار ئارقىلىق كۆپ خىل فورماتتىكى سىن ھۆججىتىنى قويغىلى بولىدۇ.




قورال ئىستونى: [قويۇش تىزلەتمە تاياقچىسى] ئايكونىنى سۇرۇپ، قويۇش ئورنىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؛ [ئاۋاز سىيرىلما تاياقچىسى] نى سۇرۇش ئارقىلىق، ئاۋازنى يۇقىرى-تۆۋەن تەڭشىگىلى بولىدۇ؛ [ئېتىش] ئايكونىنى چېكىپ، نۆۋەتتىكى قويۇشنى توختىتىپ سىن ھۆججىتىنى تاللاش كۆزنىكىگە چېكىنگىلى؛ [F1] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [ئېچىش] ئايكونىنى چېكىپ، قويماقچى بولغان ھۆججەتنى قوشقىلى؛ [S] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [توختىتىش] نى چېكىپ قويۇشنى توختاتقىلى؛ [F2]~[F6] كۇنۇپكىلارنى بېسىپ ياكى ماس ئايكونىنى چېكىپ، تېز ماڭدۇرۇش، تېز ياندۇرۇش، ئىزچىل تېز ماڭدۇرۇش، ئىزچىل تېز ياندۇرۇش ۋە تەكرارلاش / تاق قويۇش ھالىتىنى تاللاپ قويۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؛ مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سىن ۋە ئاۋاز ئۇزىتىش سىمى بىلەن ماشىنىنى تېلېۋىزورغا چېتىپ، ئاندىن [T] نى بېسىپ ياكى [TV] نى چېكىپ، سىن ھۆججىتىنى TV-Out ئېغىزى ئارقىلىق تېلېۋىزورغا ئۇزىتىپ كۆرگىلى بولىدۇ؛ [Z] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [چوڭ-كىچىك] نى چېكىپ سىن كۆزنىكىنى چوڭايتىپ-كىچىكلەتكىلى بولىدۇ.

## 6-2 ناخشا-مۇزىكا قويغۇچ

[ناخشا-مۇزىكا] ئىقتىدارىنى چەككەندە، ئۇن ھۆججىتىنى قويۇش كۆزنىكىگە

كىرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىقتىدار ئارقىلىق كۆپ خىل فورماتتىكى ئۈن ھۆججەتلىرىنى قويغىلى بولىدۇ.




[V] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى ئايكونىنى چېكىپ، ئاۋاز سۈرئىتىنى تەڭشىگىلى؛ [O] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى ئايكونىنى چېكىپ، ئېكران ئۆچۈك ھالەتتە MP3 مۇزىكىسىنى قويغىلى؛ [M] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى ئايكونىنى چېكىپ، قويۇش ھالىتىنى تەڭشىگىلى؛ قەلەم بىلەن [قويۇش سىيرىلما تاياقچىسى] نى سۈرۈپ ياكى [ئاست] [ئۈست] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، ئاۋازنى يۇقىرى-تۆۋەن تەڭشىگىلى؛ ئايكونىنى چېكىپ ياكى [بوشلۇق] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، ئاۋازسىز ۋە ئاۋازلىق ھالەتكە ئالماشقىلى؛ قويۇش جەريانىدا، [ئالدىنقى بەت] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [ئالدىنقى ناخشا] نى چېكىپ، [كېيىنكى بەت] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [كېيىنكى ناخشا] نى چېكىپ ئالدىنقى-كېيىنكى ناخشىغا ئالمىشىپ قويۇشقا؛ [P] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [تورمۇزلاش] نى چېكىپ، قويۇشنى تورمۇزلىغىلى؛ [S] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى [توختىتىش] نى چېكىپ قويۇشنى توختاتقىلى بولىدۇ؛ [T] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى ئايكونىنى چېكىپ، ئاڭلاش مەشىقى ئېلىپ بېرىشقا ناخشا تېكىستىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

### 3-6 كارتون سەيناسى

SWF فورماتىدىكى FLASH كارتون ھۆججىتىنى قويۇشقا بولىدىغان بولۇپ، [ E sc] نى بېسىپ چېكىنىپ چىققىلى بولىدۇ، كۆزنەك يۈزىدىكى كۇنۇپكا كۆرسەتمىسى بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ.

### 4-6 سېھىرلىك ئۈنئالغۇ

بۇ ئىقتىدار ئارقىلىق WAV فورماتىدىكى ئۈن ھۆججىتىنى ئېلىشقا بولىدىغان بولۇپ، ئېلىنغان ئاۋاز ھۆججىتىنى قويۇش جەريانىدا تېز ماڭدۇرۇش، تېز ياندۇرۇش، A-B تەكرار قويۇش، تورمۇزلاش ۋە توختىتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؛ يەنە ئېلىنغان ئاۋاز ھۆججىتىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتكىلى، ئۆچۈرگىلى ۋە تازىلىغىلى بولىدۇ. كۆزنەك يۈزىدىكى كۇنۇپكا كۆرسەتمىسى بويىچە مەشغۇلات قىلىڭ.

## 5ـ6 ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىسى




ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىسى ئىقتىدارى TXT ۋە RTD شەكلىدىكى ھۆججەتنى قوللايدىغان بولۇپ، TXT ھۆججەتنى زىيارەت كۆزنىكىدە خەتكۈچ قوشۇش (ئەڭ كۆپ بولغاندا 10نى قوشقىلى بولىدۇ)، ئاچقۇچ سۆز ئىزدەش، بەت ئىزدەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئاچقۇچ سۆز ئىزدەش مەشغۇلاتىدا، ماس ئالدىنقى سۆز، كېيىنكى سۆز كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ نەتىجىنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ بەت ئىزدەش مەشغۇلاتىدا بەت نومۇرىنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، [Enter] نى بېسىپ ماس بەتكە كىرگىلى بولىدۇ. زىيارەت كۆزنىكىدە يەنە تەتۈر ئىزدىگىلى؛ RTD ھۆججەتنى كۆزنەكتە ئارقا سۇپا مۇزىكىسىنى قويغىلى بولىدۇ.

## 6ـ6 رەسىم ئالبومى

رەسىم ئالبومى پروگراممىسى ئارقىلىق ئىشلەتكۈچىلەر ئۆسكۈنە ئىچىدىكى رەسىملەرنى تىزىملىك ۋە كۆرسىتىش ھالىتىدە تاللاپ زىيارەت قىلغىلى بولىدۇ. يەنە پۈتۈن ئېكران ۋە پرويېكسىيىلىك ھالەتتە زىيارەت قىلغىلى بولىدۇ. jpg، bmp، png ۋە gif فورماتىدىكى رەسىملەرنى قوللايدۇ.

## 7ـ6 كىچىك رەسسام




سول تەرەپتىكى رەسىم سىزىش قوراللىرى ۋە ئاستىنقى تەرەپتىكى رەڭلەردىن

پايدىلىنىپ رەسىم سىزغىلى، سىزىلغان رەسىمنى ساقلىۋالغىلى، يېڭى بەت ئاچقىلى بولىدۇ. كۆزنەك يۇزىدىكى ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرىدىن پايدىلىنىپ مەشغۇلات قىلىڭ.

## 6-8 ئەقىل-پاراسەت ئويۇنى

ئەقىل-پاراسەت ئويۇنى ئىقتىدارى ئاساسلىقى FLASH فورماتىدىكى ھۆججەت ۋە ئويۇنلارنى قوللايدىغان بولۇپ، تىزىملىكتىن ھۆججەتنى تاللىغاندىن كېيىن، كۆرسەتمە كۇنۇپكىلار بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىڭ.

## 6-9 چاتما كارتونلار

چاتما كارتون ئىقتىدارىنى تاللاپ، چاتما كارتون ھۆججەت مۇندەرىجىسىگە كىرگىلى بولىدۇ. قويماقچى بولغان ھۆججەتنى تاللاپ ئاچقاندىن كېيىن ئالدىنقى بەت، كېيىنكى بەتكە يۆتكىلىپ، ياكى بەت نومۇرىنى كىرگۈزۈپ ئاندىن [Enter] نى بېسىپ كۆرسىتىلگەن بەتكە ئالمىشىشقا بولىدۇ. بۇ ئىقتىداردا يەنە ھۆججەتنى ئاپتوماتىك زىيارەت ھالىتىدە زىيارەت قىلغىلى بولىدۇ.

# 7. باب شەخسلەر ياردەمچىسى

شەخسلەر ياردەمچىسىدە: خاتىرە دەپتەر، دەرس سېتكىسى، كالېندار، قوڭغۇراق سائەت، ھېسابلىغۇچ، ئايرىۋاشلىغۇچ، كۆچمە دىسكا ئۇلاش، دىسكا باشقۇرۇش، ئاتىلار بوشلۇقى، مائارىپ قوللانمىسى ۋە سىستېما بەلگىلەش قاتارلىق قىسىملار بار.

## 7-1 خاتىرە دەپتەر

خاتىرە دەپتەر پروگراممىسىدا TXT شەكلىدىكى ھۆججەتلەرنى خاتىرىلەش ۋە تەھرىرلەشكە بولىدىغان بولۇپ، تەھرىرلەش كۆزنىكىدە F1 نى بېسىپ ياكى چېكىپ يېڭىدىن خاتىرە يازغىلى؛ F2 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ دىسكا تىزىملىكى ئىچىدىن TXT ھۆججىتىنى تاللاپ ئاچقىلى؛ F3 كۇنۇپكىسى ئارقىلىق ھۆججەتنى باشقا نامدا ساقلىغىلى؛ ساقلاش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ مەزمۇننى ساقلىغىلى بولىدۇ.

## 7-2 دەرس سېتكىسى

[ئوڭ] [سول] [ئاست] [ئۈست] كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ ياكى چېكىپ دەرسنى تاللىغىلى، [ENTER] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ يېڭىدىن خاتىرە قوشقىلى ياكى ئىلگىرى بار خاتىرىنى زىيارەت قىلغىلى؛ [F1] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ كۆچۈرۈش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىلى؛ [F2] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ ئەڭ يېڭى كۆچۈرۈلگەن مەزمۇننى نۇر بەلگە ئورنىغا چاپلاشقا؛ [F3] كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ياكى چېكىپ نۆۋەتتىكى خاتىرىنى ئۆچۈرۈشكە؛ [F4] نى بېسىپ ياكى چېكىپ بارلىق خاتىرىنى تازىلاشقا بولىدۇ.

## 7-3 كالېندار

كالېندار كۆزنىكىدە چېسلا ، ھەپتە، قەمەرىيە ۋاقتى ۋە مۇناسىپ مىلادىيە ۋاقتىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ۋاقىت بەلگىلەش، چېسلا ئىزدەش، يىل بويىچە زىيارە قىلىش ۋە شەھەر تاللاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. چېسلا ئىزدەشتە مىلادىيە ۋە قەمەرىيە بويىچە چېسلا ئىزدىگىلى؛ شەھەر تاللاشتا ئۆز شەھەر ۋە دۇنيا شەھىرىنى تاللىغىلى بولىدۇ.

## 7-4 قوڭغۇراق

قوڭغۇراق بۆلىكىدە تۆت خىل قوڭغۇراق بەلگىلىگىلى بولىدۇ، ھەر بىر قوڭغۇراقتا قوڭغۇراق ئاۋازى ۋە قوڭغۇراق ھالىتىنى تاللىغىلى بولىدۇ.




## 7ـ5 ھېسابلىغۇچ

ھېسابلىغۇچ ئىقتىداردا ئاددىي ھېسابلاش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. C كۇنۇپكىسى نۆۋەتتە كىرگۈزۈلگەن سانلىق قىممەتنى تازىلايدۇ؛ AC كۇنۇپكىسى نۆۋەتتە كىرگۈزۈلگەن سانلىق قىممەت ۋە ھېسابلاش نەتىجىسىنى تازىلايدۇ؛ M+، M- كۇنۇپكىسى ئارقىلىق ھېسابلاش نەتىجىسىنى ۋە كىرگۈزۈلگەن قىممەتنى جەملىگۈچكە قوشۇشقا ياكى جەملىگۈچتىن كېمەيتىشكە؛ MR كۇنۇپكىسى ئارقىلىق جەملىگۈچتىكى قىممەتنى كىرگۈزۈش قىممىتى قىلىپ ئېلىشقا؛ MC كۇنۇپكىسىنى بېسىپ جەملىگۈچنى نۆللەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

## 7ـ6 ئايرىۋاشلىغۇچ

بىرلىك ئالماشتۇرۇش، پىرىۋوت ئايرىۋاشلىغۇچ، پىرىۋوت بېكىتىش ۋە سانلىق سىستېما ئايلاندۇرۇش قاتارلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپقان.

## 7ـ7 كۆچمە دىسكا ئۇلاش ( U دىسكا ئۇلاش)

USB ئېغىزى ئارقىلىق USB سىمى بىلەن PC كومپيۇتېرنى ئۇلاپ، U دىسكا ئۇلاشنى چېكىپ ئۆز-ئارا ئۇلاشقا بولىدۇ.

## 7ـ8 دىسكا باشقۇرۇش

دىسكا باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئارقىلىق ھۆججەتكە قارىتا قايتا نام قويۇش، كېسىش، كۆچۈرۈش ۋە چاپلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشقا ھەمدە دىسكا ۋە TF كارتا ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى ئىزدەشكە بولىدۇ.




### ■ فورماتلاش

دىسكا بەلگىسىنى تاللاپ، [فورماتلاش] نى چېكىپ ياكى [F1] نى باسقاندا، فورماتلاشنى جەزملەشتۈرۈش دىئالوگ رامكىسى چىقىدۇ، بۇ مەشغۇلات ماقۇللانسا، ماشىنا ئىچىدىكى بارلىق سانلىق مەلۇماتلار يۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

### [ئەسكەرتىش]

فورماتلاش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغاندا، بارلىق ماتېرىياللار ئۆچۈپ كېتىدۇ، شۇڭا مۇھىم ماتېرىياللىرىڭىزنى زاپاسلىۋېلىڭ. ناۋادا فورماتلىغاندىن كېيىن [تەلەپپۇز باھالاش] ۋە [تېكىست يادلاش] ئىقتىدارى نورمال ئىشلىمىسە، "EOT" مۇندەرىجىسىنى قايتىدىن U دىسكا غول مۇندەرىجىسىگە كۆچۈرۈپ قويۇڭ؛ ئەگەر [جۈملە تەرجىمان] ئىقتىدارى نورمال ئىشلىمىسە "TRANS" مۇندەرىجىسىنى U دىسكا غول مۇندەرىجىسىگە كۆچۈرۈپ قويسىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ.

### 7ـ9 ئاتلار بوشلۇقى

ئاتلار بوشلۇقى بولسا ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئويۇن ۋاقتىنى باشقۇرۇش سۈپىتى بولۇپ، بۇ ئىقتىدارغا كىرگەندىن كېيىن ئەگەردە شىفىر بېكىتىلمىگەن بولسا ئىشلەتكۈچىدىن يېڭىدىن شىفىر بەلگىلەشنى سورايدۇ، ئەگەردە شىفىر بېكىتىلگەن بولسا شىفىر كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شىفىر كىرگۈزۈش تاماملانغاندىن كېيىن ئاتلار بوشلۇقى كۆزنىكىگە كىرگىلى بولىدۇ.

### 7ـ0 مائارىپ قوللانمىسى

مائارىپ قوللانمىسى بولسا ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش مەزمۇنى بولۇپ، دەرەخ شەكىللىك زىيارەت كۆزنىكىدىن مۇندەرىجىنى تاللاپ مەزمۇنىنى زىيارەت قىلىشقا، مەزمۇنىنى ئوقۇتۇشقا ۋە تەتۈر تاللاپ، تاللانغان مەزمۇننى لۇغەتتىن ئىزدىگىلى بولىدۇ.

### 7ـA سىستېما بەلگىلەش




**ئاپتوماتىك ئۆچۈش:** ھېچقانداق مەشغۇلات قىلمىغان ھالەتتىكى ئۆچۈش ۋاقتىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ؛

**MP3 ئۆچۈش ۋاقتى:** MP3 قويۇلۇۋاتقان ھالەتتە، باشقا مەشغۇلات قىلمىغان ھالەتتىكى ماشىنىنىڭ ئۆچۈش ۋاقتىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

**تەگلىك چىرىغى ۋاقتى:** ھېچقانداق مەشغۇلات قىلمىغان ھالەتتە، بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا، ئېكران تەگلىك چىرىغى ئۆچۈپ توك تېجەش ھالىتىگە كىرىدۇ، لېكىن بۇ ھالەتتە ئېغىر توك ئۈزۈۋېتىلمىگەن بولۇپ، ئېكرانغا چېكىش ۋە كۇنۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق ئېكران چىرىغىنى يورۇتقىلى بولىدۇ.

**ئېكران يورۇقلىقى:** ئېكران يورۇقلىقىنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

**ئاۋاز بەلگىلەش:** ئاۋازنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

**تەكرار ئوقۇش قېتىمى:** تەكرار ئوقۇش قېتىمىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

**قەلەمىيازما ئارىلىقى:** قەلەمىيازما ئىقتىدارىدىكى قەلەم كۆتۈرۈش ئارىلىق ۋاقتىنى بەلگىلەش ئارقىلىق خەت تونۇش سۈرئىتىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

**ئاۋاز سۈرئىتى:** تەلەپپۇز سۈرئىتىنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

**ئاۋازلىق كۆرسەتمە:** ئاۋازلىق كۆرسەتمىنى ئېچىش ياكى ئېتىشنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

**TTS تەلەپپۇزى:** ئەر ياكى ئايالنىڭ TTS تەلەپپۇزى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

**سىستېما تىلى:** سىستېما مەشغۇلات تىلىنى خەنزۇچە ياكى ئۇيغۇرچە ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

**قەلەم ئورنىنى بېكىتىش:** قوشۇش بەلگىسى مەركىزىنى چېكىپ تەكشىلىدۇ، ھەممىسى توغرا چېكىلسە ئورۇن بېكىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

**شىفىر بەلگىلەش:** سىستېما شىفىرى ۋە ئويۇن شىفىرىنى بەلگىلىگىلى، [شىفىر ئۆز-چات] ئارقىلىق شىفىرلىنىدىغان بۆلەكنى تاللىغىلى بولىدۇ.

**باتارىيە قۇۋۋىتى:** باتارىيە قۇۋۋىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

# قوشۇمچە 1: مەھسۇلات ئۆلچىمى ۋە سەپلىمە تىزىملىكى

■ مەھسۇلات ئۆلچىمى:

| | |
|---|---|
| مەھسۇلات نامى | ئوقۇغۇچىلار كومپيۇتېرى A5 |
| ئىچكى ساقلىغۇچ سىغىمى | 4G |
| كېڭەيتىلگەن ساقلىغۇچ | TF كارتىنى قوللايدۇ |
| LCD ئېكران | 7 سۇڭ 800*480 TFT چېكىت |
| باتارېيە | زەرەتلىنىدىغان لىتىيلىق باتارېيە （1600mAh） |

سەپلىمە تىزىملىكى

| رەت | سەپلىمە نامى | سانى | بىرلىكى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئوقۇغۇچىلار كومپيۇتېرى | 1 | دانە | |
| 2 | ئىشلىتىش قوللانمىسى | 1 | پارچە | |
| 3 | ھۆددە رېمونت كارتىسى | 1 | ۋاراق | |
| 4 | لاياقەتنامە | 1 | ۋاراق | |
| 5 | باتارېيە (ماشىنا ئىچىدە) | 1 | دانە | |
| 6 | USB ئۇلاش سىمى | 1 | تال | |
| 7 | توك مەنبەسى تەقسىملىگۈچ | 1 | دانە | |